## 12654 ـ ناماز ئوقۇپ رامىزاندا روزا تۇتمىغان كىشى كافىر ھېسابلىنامدۇ؟

### سۇئال

سوئال: ناماز ئوقۇپ كېسەللىك ياكى ھېچ قانداق سەۋەبسىز روزا تۇتمىغان كىشى كافىر ھېسابلىنامدۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھغا خاستۇر.
رامىزان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلىپ روزا تۇتمىسا كافىر ھېسابلىنىدىغانلىقىغا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئالىملىرى بۇ مەسىلىدىكى پىقھى ھۆكۈمدە بىرلىككە كەلگەن . ئەمما ھورۇنلۇق قىلىپ كۆزگە ئىلماي، قېرىنداندا تۇتتۇالىمەن دىگەنگە ئوخشاش سەپسەتەلەر بىلەن سەل قاراپ روزا تۇتمىسا كافىر بولىدىغانلىقىنى بەزى ئالىملار ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن سەھىھ پىقھى كۆز قاراشتا، ئۇ ئادەم قىلىش پەرز بولغان ئىسلامنىڭ مۇھىم بىر ئاساسىنى قىلماسلىق بىلەن ئەڭ خەتەرلىك ئىش قىلغان بولىدىغانلىقى، ئەمما كاپىر بولمايدىغانلىقىنى كۆچلەندۈرىدۇ.
بۇنداق كىشىلەر ئىسلام ھاكىمىيتى بولغان ئاساستا، رەھبەرلەر تەرىپىدىن جازاغا تارتىلىپ، تەلىم ـ تەربىيە بېرىش، روزا تۇتۇشقا بۇيرۇش، ئاللاھقا تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ روزىسىنى قايتا تۇتۇشقا بۇيرۇلىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.
سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كۆمىتىتىنىڭ پەتىۋا مەجمۇئەسى ناملىق ئەسىرى 10–توم 143–بەت